# ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات

## —— 2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىغا بېرىلدى

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى **شەۋكەت ئىمىن**



2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، شەۋكەت ئىمىن ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 - يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىدىن دوكلات بەرمەكتە.

**□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۈي جېجيەن فوتوسى**

**ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر:**

مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، يىغىنغا خىزمىتىمىزدىن دوكلات بېرىمەن، قاراپ چىقىشىڭلارنى سورايمەن.

## 2020 - يىلدىكى ئاساسلىق خىزمەتلەر

ئۆتكەن بىر يىل ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. كەسكىن، مۇرەككەپ ۋەزىيەت ۋە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ زەربىسى ئالدىدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى قىيىن ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەشكە ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتە مۇھىم نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىملىقىنى ساقلىدى، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىدى، تۈرلۈك ئىشلاردا يېڭى مۇھىم، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىدى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش غەلىبە قازىنىش ئالدىدا تۇرماقتا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال - خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى.

بىر يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 -، 3 -، 4 -، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، پارتىيە رەھبەرلىك قىلىش، خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش، دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ ئورگانىك بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە مەركەزلەشتۈرۈپ، «3 + 1» نۇقتىلىق خىزمەتكە زىچ باغلاپ، قانۇن بويىچە مەسئۇلىيىتىمىزنى ئادا قىلدۇق، پائال نەتىجە ياراتتۇق. 8 قېتىم دائىمىي كومىتېت يىغىنى ئاچتۇق، ئاپتونوم رايون نىزامىدىن 8نى چىقاردۇق ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزدۇق، بېكىتمە، قارارلاردىن 3نى چىقاردۇق، رايون بار شەھەر، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە نىزامىدىن 20نى تەكشۈرۈپ تەستىقلىدۇق، 18 دوكلاتنى ئاڭلاپ ئۆتتۇق ۋە قاراپ چىقتۇق، 8 قېتىم قانۇن ئىجراسىنى تەكشۈردۇق، 3 قېتىم مەخسۇس تېمىدا سوئال سورىدۇق، 16 قېتىم مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدۇق، دۆلەت ئورگىنى خادىملىرىنى قانۇن بويىچە 542 ئادەم قېتىم ۋەزىپىگە تەيىنلىدۇق، ۋەزىپىدىن قالدۇردۇق، خىزمەتتە دائىرىنى كېڭەيتىش، مۇھىم نۇقتىدا بۆسۈش ھاسىل قىلىش، چوڭقۇر ئىزدىنىش، ئومۇمىي جەھەتتىن يۈكسىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 13 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 - يىغىنىدا بېكىتىلگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا مۇلازىمەت قىلىشتا يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق.

**1. پارتىيە رەھبەرلىكىدە مەھكەم چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈردۇق**

دائىمىي كومىتېت پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئەڭ مۇھىم سىياسىي پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ۋە پۈتۈن جەريانىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئىدىيەنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا يىلتىز تارتقۇزۇپ، كونكرېت ھەرىكەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن باشتىن - ئاخىر يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، شىنجاڭ پايتەختىمىز بېيجىڭدىن يىراق بولسىمۇ، لېكىن قەلبىمىزنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن باشتىن - ئاخىر زىچ، چەمبەرچاس باغلانغانلىقىنى ھەقىقىي نامايان قىلدۇق. سىياسىي ئاڭنى كۈچەيتىپ، سىياسىي ئىرادىنى ساقلاپ، سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، سىياسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرۈپ، چوڭ ئىشلارنى زىممىمىزگە ئېلىپ، جىددىي ئىشلارنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىپ، قىيىن ئىشلاردىن ئۆزىمىزنى قاچۇرماي، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى كەم - كوتىسىز ئىزچىللاشتۇردۇق، ئەمەلىيلەشتۈردۇق، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئىزچىللاشتۇردۇق، ئەمەلىيلەشتۈردۇق.

بىرىنچى، ئىدىيەنى، ھەرىكەتنى قەتئىي، كەسكىن بىرلىككە كەلتۈردۇق. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 -، 11 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆگىنىشتە ئالدىدا مېڭىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەققىي كۈچ سەرپ قىلىش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا ياخشى باشلامچى بولۇش، ئەمەلدە كۆرسىتىشتە ئۈلگە بولۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇردۇق. بىرىنچىدىن، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈردۇق. دائىملاشقان ئۆگىنىش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دائىمىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسى مەركەزلىك ئۆگىنىپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر باش بولۇپ ئۆگىنىپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ھەرقايسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تۈرلۈك تەربىيەلەش كۇرسلىرىدا سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ئاڭلىق ئۆگىنىپ، ئۆزىگە تەتبىقلاش، خىزمەت مەسئۇلىيىتىگە تەتبىقلاش، خىزمەتكە تەتبىقلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇميۈزلۈك سىستېمىلىق ئۆگىنىپ، ۋاقتىدا يېتىشىپ ئۆگىنىپ، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىپ ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئۆگىنىپ، روھىي ماھىيىتى ۋە يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنىنى ئىگىلەپ، ئۆگىنىش نەتىجىسىنى خىزمەت ئۈنۈمىگە ئايلاندۇردۇق. ئىككىنچىدىن، زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلدۇق، چۈشەندۈردۇق. خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشۋىقات ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كۆپ قاتلام، كۆپ نۇقتىدىن، كۆپ يوللۇق، كۆپ ئاۋازلىق تەشۋىق قىلىپ، دائىمىي كومىتېت تەركىبىدىكىلەر، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ئاممىنىڭ ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ چۈشەندۈرۈپ، ئىدىيەنى ئاممىنىڭ قەلبىگە، نەزەرىيەنى ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا تىرىشىپ سىڭدۈردۇق. ئۈچىنچىدىن، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتتۇق. پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرىنى ئەستايىدىل مۇھاكىمە قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىنى ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش تەلىپىنى ئەستايىدىل چۈشىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قوغداشنى ئالدىنقى شەرت، مىللەتلەر - دىن خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى مۇھىم نۇقتا، تەرەققىيات داۋامىدا خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشنى ئاساس، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، بىرىكىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئاساسىي پۇختىلاش تەدبىرىنى قوللىنىپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ تۆھپە قوشتۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسى تۈزۈلۈشنى چۆرىدەپ مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پىكىر - تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنىدا ئاپتونوم رايوننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تەكشۈرۈش، تەستىقلاشقا مۇناسىۋەتلىك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە ئالماشتۇرۇش يىغىنىنى ھەر يىلى بىر قېتىم ئېچىشتا چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى سىجىل كۈچەيتتۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، دائىمىي كومىتېت پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمەت لايىھەسىنى تۈزۈپ، ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك ۋە ناھىيەلىك، شەھەرلىك، رايونلۇق خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىرنى چىقىرىپ، جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش، ئەمەلىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنى ۋە قۇرۇلۇشىنى چەكلەپ تۇرۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ سۈپىتىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق.

ئىككىنچى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى قىلچە تەۋرەنمەي قوغدىدۇق. مۇقىملىقنى قوغداشنى باشتىن - ئاخىر بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان سىياسىي ۋەزىپە، تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، مۇقىملىقنى قوغداش بىلەن مۇناسىۋەتسىز جاي، مۇناسىۋەتسىز ئورۇن، مۇناسىۋەتسىز ئادەم يوق دېگەن ئىدىيەنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىقنى قوغداش سىگنالىنى ئۈزلۈكسىز ياڭرىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش تارىسىنى چىڭىتىپ، مۇقىملىقنى قوغداش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈش، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە پائال قاتنىشىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇقىملىقنى قوغداشتىكى مەسئۇلىيىتى ۋە بۇرچىنى ئومۇميۈزلۈك ئادا قىلدۇق. «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنى كۈچەيتىپ پۇختىلىدۇق. ئامېرىكىنىڭ شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئاتالمىش قانۇن لايىھەسىگە قارىتا كەسكىن باياناتى ئېلان قىلىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرى ئاكتىپلىق بىلەن دادىل ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېنىق پوزىتسىيە بىلدۈرۈش ئارقىلىق، شىنجاڭ توغرىسىدا تەپ تارتماستىن بوھتان چاپلىغانلىقى ۋە ئاساسسىز ئەيىبلىگەنلىكىنى قاتتىق سۆكتۇق. مۇقىملىقنى قوغداشنى خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىگە باشتىن - ئاخىر ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر سىڭدۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتى ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداشقا دائىر نىزام - تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك خىزمىتى ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ۋەكىللەر خىزمىتى ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغداشتىكى ئەقىل - پاراسەت، كۈچ - قۇۋۋەتنى مۇجەسسەملەپ، قەتئىي تۈردە دېموكراتىيە، قانۇنچىللىق ئارقىلىق مۇقىملىقنى قوغدىدۇق، مۇقىملىق پايدىسىنى يەتكۈزدۇق.

ئۈچىنچى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۈرىشىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن ئاتلاندۇق. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، دائىمىي كومىتېت پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشتە چىڭ تۇرۇپ، «ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش، دەل جايىدا تەدبىر قوللىنىش» ئومۇمىي تەلىپى ۋە «تاشقى جەھەتتە سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش» ئومۇمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تاكتىكىسىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بالدۇر بايقاش، بالدۇر دوكلات قىلىش، بالدۇر ئايرىش، بالدۇر داۋالاشتا چىڭ تۇرۇپ، تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىمىزگە ئېلىپ، توپلىشىش خاراكتېرلىك يۇقۇمنى يوقىتىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش خىزمىتىنى قىلچە بوشاشتۇرماي چىڭ تۇتۇپ، چوڭ جەڭ، چوڭ سىناقتا ئەسلى مەقسەت، بۇرچىنى ئەمەلدە كۆرسەتتۇق. بىرىنچىدىن، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە ئورتاق ئاتلاندۇق. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش چوڭ ۋەزىيىتىگە ئاڭلىق بويسۇنۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تارىسىنى باشتىن - ئاخىر چىڭىتىپ، 8 تۈرلۈك كۆزىتىش - سىگنال بېرىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئالاھىدە مەزگىلدە ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىپ، دائىمىي كومىتېت ئورگىنىدا يۇقۇملانغانلار بولماسلىق تۆۋەن چېكىنى قەتئىي ساقلىدۇق. ئىككىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەسئۇلىيەتچانلىقىنى نامايان قىلدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى قەتئىي تاماملىدۇق، ئاساسىي قاتلامدا نۇقتىدا تۇرۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىپ، ئەمەلىي يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنىڭ پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇپ، خەلق قۇرۇلتىيى كادىرلىرىنىڭ «پارتىيە بىزنىڭ قەيەردە بولۇشىمىزغا ئېھتىياجلىق بولسا، بىز شۇ يەردە بولىمىز، پارتىيە بىزدىن نېمە قىلىشنى تەلەپ قىلسا، بىز شۇنى قىلىمىز» دەيدىغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىنى نامايان قىلدۇق. ئۈچىنچىدىن، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى رولىنى جارى قىلدۇردۇق. ئاممىۋى ساغلاملىققا دائىر قانۇنچىللىق كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، يېمەكلىك - دورا بىخەتەرلىكى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ساھەسىدىكى يەرلىك نىزاملارنى يىغىپ ئېنىقلاش خىزمىتىنى تاماملىدۇق، نىزام چىقىرىش يىرىك پىلانى، پىلاننى ۋاقتىدا تەڭشەپ، مۇناسىۋەتلىك نىزاملارنى چىقىرىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى ساقلاشتىكى قانۇنچىللىق مۇداپىئە سېپىنى مۇستەھكەملىدۇق. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قارارى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ يولغا قويۇش چارىسىنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، قانۇن قورالى ئارقىلىق ئاممىۋى ساغلاملىق بىخەتەرلىكىنى قوغدىدۇق. ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى پارتىيەنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇپ مەسئۇلىيىتىنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە ئاتلىنىشقا سەپەرۋەر قىلدۇق، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ بىرىنچى سېپىگە پائال ئاتلىنىپ، ھەرقايسى سەپلەردە، ھەرقايسى خىزمەت ئورۇنلىرىدا ئاكتىپ رول ئويناپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق خەلققە ۋەكىللىك قىلىدىغان، خەلقنى كۆزلەيدىغان، خەلققە مۇلازىمەت قىلىدىغان شەرەپلىك بۇرچىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى.

تۆتىنچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن كۈچ قوشتۇق. بۇ نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېت ۋەزىپە ئۆتىگەندىن بۇيان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇشنى باشتىن - ئاخىر گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، نامراتلارنى دەل جايىدا يۆلەش، نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» ئۆلچىمىگە زىچ باغلاپ، «يەتتە بىر تۈركۈم»، «ئۈچ سالماقنى ئاشۇرۇش» تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ «ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىپ»، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ «قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ»، نىزام چىقىرىشنى تېزلىتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشنى تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىپ، نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇشتىكى توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، ۋەكىللەر خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن دەل جايىدا قۇتۇلدۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ تۆھپە قوشۇشقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ، مۇھىم ئىشلىرىدا، پارتىيە ۋە خەلق ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ زادىلا قاتاردىن قالمايدىغانلىقىنى، زادىلا كەم قالمايدىغانلىقىنى نامايان قىلدۇق. بىرىنچىدىن، نىزام چىقىرىش ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كاپالەتلىك قىلدۇق. نامراتلارنى يۆلەشنى نىزام چىقىرىشتىكى مۇھىم ساھە ۋە ئالدىنقى قاتاردىكى تۈر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نىزام ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەپ، نىزام ئارقىلىق نامراتلىقنى تۈگىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش نىزامى، ئاپتونوم رايوننىڭ دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسى قاتارلىق نىزاملارنى چىقىرىپ ۋە ئۇنىڭغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشنىڭ قانۇنچىللىق ئۇلىنى چىڭىتتۇق. ئىككىنچىدىن، نازارەتچىلىك ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا تۈرتكە بولدۇق. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئۇدا ئۈچ يىل خەلق قۇرۇلتىيى نازارەتچىلىك خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يېزىلاردىكى نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش نىزامى قاتارلىقلارنىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتى ئەھۋالى قاتارلىق مەخسۇس دوكلاتلارنى ئاڭلاپ ئۆتۈپ ۋە قاراپ چىقىپ، نۇقتىلىق بەلگىلەپ ئۇدا ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىي بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش جەريانىنىڭ پۇختا بولۇشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش نەتىجىسىنىڭ چىن بولۇشىغا تۈرتكە بولدۇق. ئۈچىنچىدىن، ۋەكىللەر ئارقىلىق، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ توپلىدۇق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە مەخسۇس تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتۇق، ۋەكىللەرنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئائىت تەكلىپ - تەۋسىيەلىرىنى نۇقتىلىق بېجىردۇق، «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قازىنىش، خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ھەرىكەتتە» باش تېما پائالىيىتىنى قانات يايدۇردۇق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى مەۋقەنى ئۆز خىزمەت ئورنىغا قويۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلىپ، رولىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدىكى ۋەكىللەر خىسلىتىنى، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىكى ۋەكىللەر كۈچىنى نامايان قىلدۇق. تۆتىنچىدىن، پۇختا ھالدا جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلدۇق، نازارەتچىلىك قىلدۇق، يار - يۆلەك بولدۇق. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلاشتۇرغان نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ۋۇشىسكا ئېبىسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە ھۆددە ئېلىپ، ئالاقىلىشىپ نازارەت قىلىش مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يامانغا تېگىش قىلىشتىن قورقماي «ھەيدەكچىلىك قىلىپ»، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ «جەڭ قىلىپ»، «ھەيدەكچىلىك قىلىش»نىڭ ئەمەلىي ئۈنۈملۈك بولۇشىغا، «جەڭ نەتىجىسى»نىڭ دەل جايىدا بولۇشىغا، «يار - يۆلەك بولۇش»نىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدۇق. نۇقتىدا يار - يۆلەك بولۇش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترەتلىرى ۋە ئېغىر نامرات كەنت 1 - شۇجىلىرىنىڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئاخىرلاشتۇرۇش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلاندۇق.

**2. باش نىشاننى مەھكەم ئىگىلەپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ سۈپىتى ۋە ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈردۇق**

دائىمىي كومىتېت شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىغا نىزام چىقىرىش خىزمىتى مەخسۇس تېمىدا دوكلات قىلىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ يەرلىك نىزام چىقىرىش خىزمىتى يىغىنىنى ئېچىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە زىچ باغلاپ، پارتىيە كومىتېتى رەھبەرلىك قىلىدىغان، خەلق قۇرۇلتىيى يېتەكچىلىك قىلىدىغان، ھۆكۈمەت تايانچ بولىدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەر قاتنىشىدىغان نىزام چىقىرىش خىزمەت ئەندىزىسىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چىقىرىش، تۈزىتىش، بىكار قىلىش، ئىزاھلاشنى تەڭ تۇتۇپ، سۈپەت بىلەن ئۈنۈمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، مۇقىملىقنى قوغداش، مىللەتلەر - دىن، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئاسراش قاتارلىق مۇھىم ساھەلەرگە دائىر نىزام چىقىرىشنى كۈچەيتىپ، نىزامنى ئىلمىي چىقىرىش، نىزامنى دېموكراتىك چىقىرىش، نىزامنى قانۇن بويىچە چىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، نىزام چىقىرىش خىزمىتىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى قانۇنچىللىق تىرەكلىك بولۇش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇردۇق.

بىرىنچى، مۇھىم ساھەلەردىكى نىزام چىقىرىشتا يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۇق. ئاپتونوم رايوننىڭ ئائىلە زۇلمىغا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى يولغا قويۇش چارىسىنى چىقىرىپ، ئەسەبىزىم ئائىلە تۇرمۇشىغا زىيان

(ئاخىرى 3 - بەتتە)